# بالىلاردىكى يامان ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە

# يالغانچىلىق مەكتىپى




تەۋسىيە كىتاپ

# مۇندەرىجە


1- ئوقۇرمەنلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز..........................................................................2

2- كىرىش سۆز.................................................................................................3

3- پەرزەنتلەردىكى يالغانچىلىق ئىللىتى ۋە ئۇنى قانداق ئۆگىنىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا...................4

4- پەرزەنتلەردىكى سەت تىللار بىلەن تىللىشىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدا...............................5

5- پەرزەنتلەردىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتتۇرۇۋاتقان مەسىلە-ناچار ئادەتلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرى توغرىسىدا..............................................................................................7

6- باللارغا ئەدەپ جەھەتتىن نېمىلەرنى ئۆگىتىش كېرەك؟....................................................8

7- ئاتا-ئانا پەرزەنتنى بەك كىچىك ئۆزىدىن ئۇزاق ئايرىۋېتىشى توغرىمۇ؟.................................11

8- «ئاتا-ئانام تىزراق ۋاپات تاپقان بولسا!»..................................................................13

## ئوقۇرمەنلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپچىنى مەيلى ئىملالاردا بولسۇن ياكى سۆز-كەلىمىلەردە بولسۇن خاتالىقلارنىڭ ئۇچۇرىشىدىن خالى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ خاتاسىنى تۈزۈتۈپ توغرىسىنى قۇبۇل قىلىشىنى شۇنداقلا كىتاپ توغرىسىدا ھەرقانداق تەنقىد- پىكىرلىرىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ يازمامدا ئاساسلىق مەقسەت قىلىنغان تىما باللارنىڭ يالغانچىلىقنى قانداق ئۆگىنىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە باللارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى توغرىسىدىمۇ ئازراق توختىتىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ ئەسىرىمدە ئاساسلىقى ئۆزۈم كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلغان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ گۇۋاھچى بولغان ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا شۇ دائىرىنى ئايلاندۇرۇپ چۈشەندۈرىمەن.

مۇھىمى يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئائىلە توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپلار بولسۇن، ماقالە- ئەسەرلەر بولسۇن ئىنتايىن كۆپ بولىۋاتىدۇ، بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇغان بولسىمۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق قاراپلا ئوقۇماستىن تاشلاپ قويىۋاتىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا مەن بۇ توغرىسىدا ئازراق تىرىشىپ كۆرۈشنى لايىق تاپتىم. مۇھىمى بۇ، پەرزەنتلەرگە دائىر يازما بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاشلاپ قويماستىن باشتىن ئاياق بىر ئوقۇپ بېقىشىنى قايتا-قايتا تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى پەرزەنتلەر، بىزلەرنىڭ كېيىنكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىمىزدۇركى، كېيىنكىلەر بىزنى شۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىغا قاراپ چۈشىنىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز ۋە بىلىملىك قېرىنداشلىرىمىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايدىغىنىم، پىقىرنىڭ ئاتىكاچىلىق بىلەن بۇ مەزمۇنغا ئالدىراپ قەدەم بېسىپ قويغىنىمنى توغرا چۈشىنىپ، خاتا كەتكەن جايلىرىمنى تۈزىتىپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

ھەرقانداق پىكىرلىرىڭىز بولسا تۆۋەندىكى تېلېگرام ئادرىسى ياكى ئېلخەت ئادرىسى ئارقىلىق تەكلىپ بەرگەيسىز.

ئاخىرىدا قېرىنداشلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايدىغىنىم پىقىر ھەققىدە سالىھ دۇئالاردا بولغايسىز.

ھاياتىمدا قازانغان ھەربىر ئۇتۇقلىرۇم مېنى يېقىندىن قوللىغان ۋە ماڭا ئىلھام ئاتا قىلغان مېھرىبان ئاتا- ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمغا مەنسۇپتۇر. ئۇلۇغ الله تىن شۇلارغا رەھمەت ۋە بەرىكەتلەرنى سورايمەن.

ئاپتوردىن.

## كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، جەزمەنكى سىز بۇ ئەسىرىمىنىڭ ماۋزۇسىغا قاراپلا بىرخىل قىزىقىش ياكى مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانسىز؟، كۆرگىنىڭىزدەك بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى "باللاردىكى يامان ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە يالغانچىلىق مەكتىپى"

بەلكىم ھەربىر ئوقۇرمەن ئۇشبۇ ھاياتىدا يالغانچىلىق مەكتىپى دەيدىغان بىر سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانغۇ؟ دەيمەن؟. چۈنكى ھاياتتىكى ھەربىر نورمال ئىنسانلا بولىدىكەن، يالغانچىلىققا، ئۆزگە يالغان ئېيتىلىشقا ئۆچ. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە يالغانچىلىق مەكتىپىنىڭ بولۇپ قېلىشى بۇ،  ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدىغان ئىش ئەلۋەتتە .

بۇنىسى مۇقەررەركى، ھەربىر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كاللىسىغا دەرھاللا " ئەمسە نېمىشقا بۇ يازمىغا بۇنداق ئىسىم قويۇلۇپ قالدۇ؟" دەيدىغان سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققەت.

ئۇستىدە ئېيتىپ ئۆتكۇنۇمدەك، ھەربىر ئىنسان يالغانچىلىققا ئۆچ، شەخسەن مەن مىسال قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى پېقىرنىڭ ئۇستازى ھەم يالغانچىغا شۇ قەدەر ئۆچ ئىدىكى، ھازىر ئويلاپ باقسام ئەڭ ئۆچ رەقىبىگىمۇ ئۇ دەرىجىدە ئۆچ بولمىغىيتتى.

مەندەك بىر يالغانچىغا شۇ دەرىجىدە ئۆچ كىشىنىڭ قولىدا ئىلىم ئالغان كىشى، نېمىشقا بۇنداق بىر مەكتەپنىڭ نامىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتىم؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشنى خالايدىغان ھەربىر ئوقۇرمەن ئۇنداقتا دىققىتىڭىزنى تۆۋەنكى قۇرلارغا بېرىڭ.

# پەرزەنتلەردىكى يالغانچىلىق ئىللىتى ۋە ئۇنى قانداق ئۆگىنىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا

ھەربىر قېرىندىشىمىزغا ئېنىق بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر كەسىپتىكى كىشى، ئەتراپتىكى ھەربىر مەنزىرىدىن ئۆزىگە ۋە ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنى ئالالايدۇ.

بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق كۆزىتىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى،مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋە كۆزۈتىۋاتقان ئۇشبۇ تۇرمۇشتىن ئالغان نەتىجەم_ كۆپىنچە ئائىلە "يالغانچىلىق مەكتىپى" ئىكەن.

بۇنداق دېسەم نۇرغۇن كىشىنىڭ قويىقا چىچى تىك تۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال. بىراق مەن بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن ھەربىر شەيئى ۋە كۆرۈنۈشتىن، چۈشەنگىنىم بويىچە تەسىراتىمنى قەلەم ئارقىلىق يېزىپ باشقىلارنىڭ مەلۇم مىقداردا پايدىلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن سۇنۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلايمەن.

ئەمما مەن بىر نەرسىگە نىسبەتەن بىر ھۆكۈمنى چىقارغان ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئاڭلىغۇچىنى قايىل قىلالىغۇدەك يوللۇق بىر دەلىل_ئىسپاتىم بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۆۋەندە ھەربىر ئوقۇرمەنگە گېپىمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قايىل قىلارلىق بىر ئىككى مىسال بىلەنلا بولدى قىلىمەن.

چۈنكى بىر قەلەمكەش ئۈچۈن بىلگەننى يېزىپ تارقىتىش بىر مەجبۇرىيەتتۇر .

ئائىلە قانداقسىگە "يالغانچىلىق مەكتىپى" بولۇپ قالدى؟.

ج: بىر ئائىلىدە يېڭى بىر پەرزەنت تۇغۇلدى. بۇ پەرزەنت تۇغۇلغاندىن تارتىپ چوڭ بولۇپ تاكى باشقا ئۆيلۈك بولۇپ پەرزەنتىنىڭ ئاتا_ئانا ئۈستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەجبۇرىيىتى بولمىش قىز بولسا ياتلىق قىلىپ، ئوغۇل بولسا ئۆيلەپ باشقا ئۆيگە چىقىرىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى نەچچە يىللار ئارىلىقدا شۇ بالىنى قانداق تەربىيەلەش، ئۇنىڭغا ھەق_ناھەقنى بىلدۈرۈش، ئۇنى ياخشى بالا قىلىپ چوڭ قىلىش... قاتارلىق ھەربىر مەجبۇرىيەت ئاتا_ئانا ئۈستىدىن ساقىت بولمايدۇ ئەلۋەتتە.

ئەمما مېنىڭ ھېس قىلغىنىم شۇكى، نۇرغۇن بالا چوڭ بولغانچە ئاتا_ئانىسىنى ئەڭ بىئارام قىلىپ قويىدىغىنى يالغانچى بولۇپ قالغان بالىدۇر.

باللارنىڭ يالغانچى بولۇپ قېلىشىدىكى مەن ھېس قىلغان بەزى سەۋەبلەرنى چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈپ سۆزلەيمەن.

1-- سەۋەبى ۋە ھەربىر ئاتا_ئانىدا ئېغىر مەسىلە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقىنى بولسا ئاۋۋال ئاتا_ئانا باللىرىغا كىچىكىدىن تارتىپ يالغان سۆزلەرنى قىلىپ تۇرۇپ چوڭ قىلىدۇ، ئاندىن باللار چوڭ بولغاندا بولسا خۇددى ئۆز تەربىيەتچىسىگە ئوخشاشلا يالغانچى بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

مانا بۇ پەرزەنتلەرنىڭ يالغانچىلىقنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن ئىبارەت.

يامان دېيىشىمدىكى سەۋەب بولسا پەرزەنت بۇ يۇقىرىدىكى ئەھۋال تۇپەيلى ئىككى ناچار قىلىقنى ئۆگىنىدۇ.

بىرى– تاياق ۋە تىلدىن قورقۇپ يالغانچىلىق قىلىش.

ئىككىنچىسى– ئاتا-ئانا تەرەپتىن كەلگەن تەسىر بىلەن سەت ۋە ناچار تىللاشلارنى ئۆگىنىش.

2. بىر بالا بىر ئىشنى خاتا قىلغان بولسا ياكى بىرە ئىشنى كىچىكلىك قىلىپ بۇزۇپ قويغان بولسا، شۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، قانداق قىلسا قىلىپ يالغان گەپلەر بىلەن بولسىمۇ شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇش... دېگەندەك ئەھۋاللار ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئېغىر بىر مەسىلىدۇر.

بىر ۋاقىتتا مەن بىر قېرىندىشىمىز بىلەن ئەھلىلىرىمىزنى ئېلىپ بىربۇرادەرنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدۇق. بىراق بىز بارغاندا ئۇ بۇرادىرىمىز ئۆيىدە بولمىغاچقا بىز سىرتتا قالدۇق، ئاياللار ۋە بالىلار ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

بىز بىردەم سىرتلارنى ئايلانغاندىن كېيىن، يېقىن جايدىكى كىچىك باغچىغا كىرىپ بالىلىرىمىزنى بىردەم ئوينىتىۋېتىپ قايتىش مەقسىتىدە ئاياللارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئۇ بۇرادەرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدۇق.

ئۆيى ئالدىدا يېنىمدىكى قېرىندىشىمىزنىڭ بىر بالىسى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ بۇرادەر بالىسىغا :« بالام باغچىغا ئاپىرايمۇ؟»دېدى.

بالىسى ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا :«بولىدۇ دادا»دېدى.

ئۇ قېرىندىشىمىز :« ئۇنداقتا ئانىڭىزنى دەرھال چاقىرىڭ،ئۆي ئېگىلىرىگە باغچىغا بارىدىكەنمىز دېمەي، دادام ئالدىراشكەن قايتىمىز دەيدۇ دەڭ-ھە؟»دېدى.

مەن ئۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم .بۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە كىممۇ ھەيران بولمىسۇن؟.

بىز نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىزدا باللىرىمىزغا نېمە ئۈچۈن يالغان ئېيتىسەن؟، يالغان ئېيتىشنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟. دەپ ئازار بېرىمىز- يۇ بىراق ئۆزىمىزنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى ئېتىبارنىڭ سىرتىدا قالدۇرىمىز.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بولغاچ يىگى مايسا بولغان پەرزەنتلەرمۇ بىز كاللىسى قايسى تەرەپكە ئېگىپ پەرۋىش قىلساق ئۇ شۇنداق ھالەتتە چوڭ بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت توختىماي داۋاملاشقاندىن كېيىن يالغان سۆزلەش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## پەرزەنتلەردىكى سەت تىللار بىلەن تىللىشىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدا

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك كۆپىنچە ئاتا-ئانىلاردا "بىز بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلىسەكمۇ ئۇلار چوڭ بولغانچە سىرتلاردا بىللە ئوينىغان بالىلاردىن ئۆگىنىدىكەن" دەيدىغان ئىددىيە بولىدۇ.

ھاياتىدا ئۆز پەرزەنتىگە خاتا ھالدا ئازار بىرىپ قالمىغان ئاتا-ئانا بولمىسا كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ھېچقانداق بىر ئاتا-ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئىدىن ئازار يەپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ئانداقتا بالىلارغا بولغان نا توغرا مۇئامىلە شۇنچە ئومۇملىشىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ؟

چۈنكى بۇنداق ئەھۋالغا ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن زىيانلىق ئاقىۋەتكە بولغان تونۇش ئايدىڭ بولۇش كېرەك. ئاقىۋەتنى ئېنىق تونۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ساپا بولۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنىڭ سەت گەپلەرنى ئۆگىنىپ قېلىش قاتارلىق يامان ئادەتلەرنىڭ يېتىلدۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشى كېرەك. بىز بالىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ھېچ قاچان ناچار سۆزلەرنى قىلمىساق، ئۇلارغا ھېچ قاچان يالغان ئېيتمىساق، ئۇلارغا ئامال بار قىلىپ بىرەلمەيدىغان ۋەدىنى ئاز قىلساقىۋۇ، قىلغان ۋەدىلىرىمىزگە چوقۇم ئەمەل قىلىپ شۇلارنىڭ

نەزىرىدە " مېنىڭ ئاتا- ئانام ھېچ قاچان يالغان سۆزلىمەيدىغان ئېسىل كىشىلەر" دىگەن خىيالنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئاندىن پەرزەنتلىرىمىزگە يالغان سۆزلىمەسلىك ناچار سۆلەرنى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلساق، ناۋادا سەھۋەنلىك بىلەن مەيلى سىرتلاردىن بولسۇن بىرەر ناچار قىلىقنى ئۆگىنىپ كىرسە " قېنى ئېيتە بالام، بىز يالغانچى ئىكەنمىزمۇ؟، ساڭا بىرە قېتىم يالغان سۆزلەپ باقتۇقمۇ؟. ياكى بىز سەت گەپ قىلامدىكەنمىز؟. بىزنىڭ بالىمىز ئۇنداق ناچار ئەخلاقلىق بولسا بولمايدۇ، بۇندىن كېيىن بۇنداق قىلىقنى سەندە قايتا كۆرمەسلىكنى ئۈمۈد قىلىمىز " دېيىش بىلەن ئۇلارغا بالىلىق ۋىجدانى ئارقىلىق نەسىھەت قىلساق سىلەرچە تەسىر قىلارمۇ؟ قىلماسمۇ؟.

ھەربىر ئاتا- ئانا ئۆزىنى ئاق سانىماستىن ھەقىقى ۋىجدانىمىز بىلەن ئويلىنىپ باقساق بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالالايمىز.

مەلۇم ۋاقىت ئىلگىرى ئانام ماڭا قوشنىمىزنىڭ باللىرى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ۋەقەگە شاھىد بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئانا پەرزەنت تەربىيىسگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بىرەتتىكى باللىرى شۇنداق ئەخلاقلىق. بىر-بىرگە قانچىلىك ئاچچىقى كېلىپ قالسىمۇ قەتئى ناچار تىللار بىلەن تىللاشمايتتى.

بىر قېتىم ئۇلارنىڭ بىرسى سىرتتىتا تۇيۇقسىز بىرسىنى تىللاپ ساپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ، بىر ئىشنى سەزگەن ئانا « ھە نىمىشنى خاتا قىلدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىدا ئۇ بالا "بىرسىنى تىللاپ سالدىم" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئانا بولغۇچى بالىسنى ئۇرماستىن، يەنە ئۆزىمۇ قوشۇپ ئۇنى تىللىماستىن چىرايلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپ، سەت گەپ قىلىشنىڭ ناچار بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. مانا قاراپ باقايلى؟.

ئاشۇ 5-6 ياشتىكى بالىدىكى ئەخلاق قەيەردىن كەلگەن، كىمدىن ئۆگەنگەن ئەخلاق؟.

ئىي ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار! يۇقۇردىكى ۋەقەلىكتىن بىز تىزلا چۈشىنىپ پايدىلىنالايدىغان ئىككى ھەقىقەت چىقىپ تۇرۇپتۇكى- بىرسى ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيلەشتىكى ئېسىل ئەخلاقى- يەنى بالا بىر خاتالىقنى قىلسا ئۇرۇپ تىللىماستىن چىرايلىق گەپلەر بىلەن تۈزىتىش.

ئىككىنچىسى بولسا پەرزەنتلەردىكى ئانىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئېسىل ئەخلاق ۋە سەممىيەت .

بۇيەردە يەنە بىر مەسلەر بار. ناۋادا مەن "باللارنى ئۇرماي ۋە ناچار تىللار بىلەن تىللىماي تەربىيەلەش كېرەك." دىسەم چوقۇم بەزى ئاتا-ئانىلار "ئۇرمىساق چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلىمايدىكەن" دېيىشى مۇمكىن. بىر بالىنى كىچىكىدىن تارتىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەربىيەلىسە، چوڭ بولغانسىرى شۇ خىل ھالەتتە چوڭ بولىدۇ، بىراق كۆپىنچە ئانىلار پەرزەنتلىرىنى، ئۇ ئۆز ئەقلىنى بىلگەن ياكى بىلمىگەن ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئۇرۇش- دۇشكەللەشكە كۆنۈپ كەتكەن. توغرا، پەرزەنت تەربىيەلەش ئاسان ئەمەس، بىراق يۇقىرىدىكى مۇشۇ ئانىنىڭ تەربىيەسى ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇلدۇر.

مېنىڭ قارىشىمچە باللارنىڭ سەت گەپلەرنى ئۆگىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن چوڭلار ئۆز سۆز-ھەركەتلىرىگە ئىنچىل دىققەت قىلىشى كىرەك. شۇنداقلا باللارنىڭ ئالدىدىكى ئىجابىي ئوبرازىنى ساقلىشى كېرەك.

مەن بىر بالىنى كۆردۈم ئۆزى تېخى ئەمدىلا 3 ياشقا كىرىپ تىلى سۆزلەشكە ئەمدىلەتتىن قاملىشىۋاتقان بىر سەبىي بالا، بىراق ئەڭ ئېچىنىغىنىم شۇكى ئۇ بالا باشقىلارنى شۇنداق بىر ناچار تىل بىلەن تىللايتتى. ھەيران قالدىمدە ئۇنىڭ ئاكىسىنى كۈزەتتىم، توۋۋا ئاكىسىمۇ خۇددى ئۇكىسىغا ئوخشاش تىل بىلەن باشقىلارنى تىللايتتى. مەن بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم-دە؟ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى كۈزەتتىم ۋە ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەسلى بۇباللارنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى پەرۋىشكارى بولغان ئانىسىنىڭ ئېغىزى شۇ خىل ناچار سۆزگە كۆنۈك ئىكەن. مەن بۇ

ھەقىقەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئېچىندىم. ئەمما يەنە بىر ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، بىر كۈنى مەن شۇلارنىڭ بىر ئائىلە ھەممىسى جەم بولۇپ ئولتۇرغان سورۇنغا كېلىپ قالدىم-دە؟. بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولغان ئەركىشگە- يەنى ھېلىقى سەبىيلەرنىڭ دادىسىغا بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇدۇل دىمەستىن يوشۇرۇن ھالەتتە پۇرۇتۇپ ئۆتتۇم. بىراق تولىمۇ ئەپسۇسلار بولسۇنكى، شۇ بۇرادىرىمنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى : «بىز تېرىشتۇق، كىچىك ۋاقتىدا باللىرىم بىر-بىرىنى ئۇنداق سەت تىللاشمايتتى، ئەمما چوڭ بولغانسىرى سىرتلاردىن ئۆگىنىپ كىرىدىكەن. قانداق قىلىمىز؟ تۈزىتىپ بولغىلى بولمايدىكەن، باللار چوڭغانسىرى تۈزىلىپ قالا» دىن ئىبارەت بولدى. ئىچىمدە ئاھ! دەۋەتتىم.

كىچىك ۋاقتىدا تۈزەلەنمىگەن كۆچەتنىڭ چوڭ بولغاندا تۈزلىنىپ قېلىشى مۈمكىنمۇ؟.

ناۋادا مەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ تەربىيەتچىسى بولغان ئانىنىڭ ئۆز باللىرىنى شۇ خىل ناچار سۆپەت بىلەن تىللىغىنىنى كۆرمىگەن بولسام بۇ كىشىنىڭ "سىرتتىن ئۆگىنىپ كىرىدىكەن" دىگەن سۆزىگە ئازراق بولسىمۇ ئىشەنگەن بولاتتىم، بىراق........... ھەي.......

بۇنداق ھادىسىلەر جەمىيىتىمىزدە قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يەنە داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا قەدىمكى ئاجداتلىرىمىز ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ساقلاشتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولماي قالىدۇ.

## پەرزەنتلەردىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە-ناچار ئادەتلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرى توغرىسىدا.

پەرزەنت تەربىيلەش ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش. ئەنە شۇنداق بولغاچ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى سۆزلەر ناھايىتمۇ كۆپ، بىراق قىيىن بولسىمۇ ئاتا-ئانىلار بۇنىڭغا سەل قارىغاندا ۋە تەربىيلەش جەريانىدا توغرا پوزىتسىيەدە بولمىغاندا ئەكسىچە جاۋابقا ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن.
ئۇنداقتا خاتا پوزىتسىيە دېگىنىمىز نىمە؟. ئەكسىچە جاۋاپ دېگىنىمىزچۇ؟.
خاتا پوزىتسىيە دېگىنىمىز- بىر پەرزەنت تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ ياخشى- يامانىنى پەرق ئەتكىدەك بولغىچە ئارلىقتا، ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭغا ئەڭ ئىلمى ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلماستىن ئۇنى دائىم دۇشكەلەش، ئۇرۇپ-تىللاش، باشقا دوستلىرى ئالدىدا ئۇنى ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاش، ئۇنىڭ قىلغان ئىجادىيەتلىرىنى، كاللا قاتۇرۇپ قىلغان ئىشلىرىنى ياراتماسلىق، ئۇنى يارامىلق تەربىيەلىدىم دەيدىغان خاتا كۆز قاراش بىلەن بالىسىغا دائىم كۈلۈپ چىراي ئاچماستىن قاپىقىنى تۈرۈپ قاراش... قاتارلىقلاربالىلارنىڭ قەلبىدە ئاتا-ئانىلارغا ئاداۋەت ساقلاش ۋە باللارنىڭ نەزىرىدە ئاتا-ئانىنىڭ ئەجابىي تەسىرىنى خۇنۇكلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت سەلبى نەتىجەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىگە تەربىيە بېرىشتە چوقۇم سەلبى بولغان تەسىرلەردىن ئۆزىنى تارتىشى، بەلكى ئىجابى تەسىر بېرىش بىلەن باللارنىڭ قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى يېتىلدۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كىرەككى ھەبىر پەرزەنت كىچىك ۋاقىتلىرىدا، چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ شۇ كىشىدەك بولىدىغىنىنى نىيەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئورۇن ئالغان كىشىسى بولىدۇ. بۇ، پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدىكى كاتتا بىر ئېنتىلىش ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا بولغۇچى قاتتىق تېرىشىش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ قەبلىگە ئىجابى بولغان تەسىرلەرنى بېرىش بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشى ۋە شۇنداقلا چوڭ بولغاندا "مەنمۇ ئاتا-ئانامغا ئوخشاش شۇنداق تالانتلىق، مېھرلىك ۋە قەيسەر كىشى بولىمەن" دىگەندەك غايىلەرنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەپچى بولۇشى كىرەك. ناۋادا ئۇنداق بولمىغىدا پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان كىشى پالانى ناخشىچى، پوكۇنى ئارتىس، پۇستانى سەنئەتچى ... دىگەندەك خاتا بولغان بىر غايىنىڭ يېتىلىپ قېلىشى ئېنىق بولغان بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى جەمىيەت ئۈچچاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان ئۇشبۇ

دەۋردە ھەر قايسى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىكى ئارتىس،چولپانلا، ھەرقايسى تەشۋىقات ساھەلىرىدە مېھرلىك ۋە بەزى قەيسەر كىشلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن سەبىيلەرنىڭ قەلبىدە شۇلارغا ئوخشاش بولۇش ئىستىكى يۇقۇرى بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانا شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى ھاياتلىقتىكى قەلب ئېگىلىرى ئىچىدە ئەڭ نازۇك ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە ئەڭ ئامراق كىشى دەل كىچىك باللاردۇر. سىز ئۇلارغا قانچىلىك دەرىجىدە مېھىر بېرىڭ ئۇ قۇبۇل قىلالايدۇ ۋە ۋاقتى كەلگەندە سىزگە قايتۇرالايدۇ. بەزى ئاتا- ئانىلارنى كۆردۇمكى باللىرىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئۆزلىرىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى زارلىشىدۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ شۇ پەرزەنتى تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ ھازىرغا كەلگۈچى شۇ پەرزەتلىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە مېھىر ئاتا قىلالىغانلىقىنى ئويلىشىپ باقمايدۇ. توغرا بەلكىم ئاز بىر قىسىم باللار گەرچە ئاتا-ئانىسى قانچە كۆيۈنسىمۇ چوڭ بولغاندا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن بىراق بۇ پىرسەنتنى ئېگەللىيەلمەيدۇ. ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە شۇ پەرزەنتىگە قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مەن تۆۋەندە بىر دانانىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بىرگە شۇنى بەزى ھەقىقى بولغان ۋەقەلىكلەر بىلەن قوشۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن.

## باللارغا ئەدەپ جەھەتتىن نېمىلەرنى ئۆگىتىش كېرەك؟

بۇ ھەقتىكى بەزى مۇھىم نوقتىلار تۆۋەندىكىچە:

(1)بالىڭىزغا سالام قىلىڭ.

ھەممە ئىتراپ قىلىشى كېرەككى بۇ خىل ئەخلاق ئۆگىتىش پىرىنسىپىغا كۆپىنچە ئاتا-ئانا ئەمەل قىلمايدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئائىلىگە جەمىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى ئىنتايىن چوڭ .

(2)بالىڭىز ئالدىدا ئەۋرىتىڭىزنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭ.

بۇمۇ باللارنىڭ ھايا- ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ پىرىسىپىدۇر. چۈنكى ھەربىر پەرزەنت ھەرقانداق ئىشتا ئاتا- ئانىسىدىن دورۇپ بېقىشنى ناھايتى ياخشى كۆرىدۇ.

(3)قوشنىلىرىڭىزدىن ھال سوراپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭ.

(4)بالىڭىزغا قوشنىلارنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئۇلارغا ئازار بېرىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

(5)ئاتا-ئانىڭىزغا ياخشىلىق قىلىڭ، تۇققانلىرىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ، بۇ ئىشلاردا بالىڭىزنى بىللە ئېلىۋېلىڭ. بۇ ئىشتىمۇ ئاتايىن ئەسكەرتىلىپتۇكى، پەرزەنتلەرنىڭ چوڭ بولغاندا ئاتا-ئانىغا قىلىدىغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى سەۋەبىنى ئەسكەرتىپتۇ.

(6)بالىڭىزغا، كىشلەرنىڭ باشقىلارغا ئازار بەرمەيدىغان ئەدەپلىك بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈڭ.

(7)بالىڭىزغا، بەزى ئىجتىمائىي ئەدەبلەر، ۋەسىيەتلەر ۋە نەسىھەتلەرنى يېزىپ بېرىڭ.

(8)بالىڭىزغا، بەزى قىلىق ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى دەپ بېرىڭ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار باللىرىغا ناھايتى ياخشى ئۆلگە بولۇشنى ئۇمۇد قىلىدۇ. بىراق پەزەنتلەرنىڭ سەبىيلەرچە

سورىغان سوئاللىرىغا ئۆز لايىقىدا ئېنىقراق جاۋاپ بەرمەستىن تومتاقلا جاۋاپ بېرىپ قويىدۇ-دە؟ پەرزەنتلەر بۇنى ياخشى چۈشىنەلمىگەچكە قايتا سورىسا يەنە قاتتىق گەپ ئاڭلايدۇ. شۇنى بىلەن سەبىي بالا ئۇنى بىلىشكە ئۆزى ئىنتىلىدۇ شۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ ياكى خاتا قىلىپ قويىدۇ ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟، كىچىكرەك بولغاندا قاتتىق تىل ئاڭلايدۇ، ئېغىر بولغاندا بولسا تاياق يەيدۇ. مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ۋەقەلىك يادىمغا كېلىپ قالدى.
بىر كۈنى بىر ئاكىمىز بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم ئۇ ئاكىمىز ماڭا كىچىك ۋاقتىدىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى بۇ ھەقىقى بولغان ۋەقە ئېدى.

ئۇ ئاكىمىز سۆلەپ مۇنداق دەيدۇ: « كىچىك ۋاقتىمدا دادام نەچچە ئايلاپ قارنى قار دېمەي سوغۇقنى سوغۇق دېمەي تاغلارنى- ئورمانلارنى چارلاپ يۈرۈپ كېيىك ۋە بۇغىلارنى ئوۋلاپ شۇلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان مەلۇم بىر ئەزاسىنى يىغقان ئىكەن، بىر كۈنى نەچچە ئايلاپ يىغقان نەرسىسىنى بىر سېۋەتكە سېلىپ ھويلىنىڭ تورىسىغا ئاسقىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سېۋەتتىكى نەرسىگە قىزىقىپ قالدىم ۋە نىمە ئىكەنلىكىنى  سورىغىنىمدا " كىچىك بالىلار ئارلاشمىسىمۇ بولىدۇ" دەپلا ئۇنى ئېسىۋەتتى، بىراق مېنىڭ كاللام شۇ سېۋەتتىكى نەرسىدىلا قالغان ئېدى، ئەمەلىيەتتە ماڭا مۇنداق كۆرسىتىۋەتكەن بولسا ئېنىقكى مەن ئۇنچە قىزىقىپ كەتمىگەن بولاتتىم. شۇنداق قىلىپ ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمەي ئاخىرى بىرنەرسىلەرنى قىلىپ ئورۇندۇق ئۈستىگە ئۇنى-بۇنى قويۇپ ناھايىتى تەستە سېۋەتنى ئېلىپ ئىچىگە قارىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئاددىيغىنە بىر نەچچە تال قۇرۇتۇلغان گۆش تۇردىكى بىر نەرسە ئېدى. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن قەلبىمدىكى قىزىقىش ئاخىرى پەسەيدى-دە؟، ئۇنى قويۇپ قويۇپ ئۆز ئىشىمنى قىلىپىۋەردىم، بىراق مەن كەتكەندىن كېيىن مەن سىۋەتنى ئېسىۋېتەلمىگەچكە سىرىتتىن كىرگەن بىر لالما ئىت كىرىپ يەۋېتىپتۇ، كېيىن دادام، ئاكىلىرىم ۋە مەندىن بىرمۇ-بىر سورىدى ھەممىسى "ياق مەن چېقىلمىدىم" دېدى، بىراق مەن "ئاشۇيەردە قويۇپ قويغانتىم" دەپ ساپتىمەن شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى.

مانا قاراپ باقايلى، مەيلى ئىتراپ قىلىنسۇن-قىلىنمىسۇن ناۋادا شۇنداق بىر ھالەتتە دادا ياكى ئانا، پەرزەنتكە بىر كۆرسىتىۋەتكەندىن كېيىن چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ ئېلىۋەتسە باللارنىڭ قەلبىدىكى سەبىيلەرچە قىزىقىش پەسەيگەن بولاتتى-دە؟ نۇرغۇن ئىشلار بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتى.

(9)بالىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىنى ئوقۇڭ ۋە بالىڭىزدىن نېمىنى چۈشەنگەنلىكىنى سوراڭ. بالىڭىزغا ئوقۇتۇپ ئۆزىڭىز ئاڭلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
بىراق شۇنى ئۇنۇتماڭكى شۇ ئەخلاقلارنى ئەۋۋەل ئۆزىڭىزگە تەدبىقلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باللىرىڭىزغا ئەمەل قىلىشقا نەسىھەت قىلىڭىز كېرەك، شۇنى يەنە ئەسكەرتەيكى باللار ئەلۋەتتە باشقىلارنى دوراشنى ياخشى كۆرىدۇ.

(10)بالىڭىزغا ئايرىم ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلىڭ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا جازالىماڭ.

(11)مۇمكىن قەدەر مالامەتنى ئاز قىلىڭ. ئەيىپلىمەڭ.

(12)بالىڭىزنىڭ ياتىقىغا كىرىشتىن ئىلگىرى رۇخسەت سوراڭ، بۇ، رۇخسەت سوراپ كىرىشنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

(13)سىز بالىڭىزغا قىلغان سۆزنى بىرىنجى قېتىمدىلا چۈشەندى دەپ پەرەز قىلماڭ. چۈشەنمىگەن بولسا سەۋرچانلىق بىلەن قايتا چۈشەندۈرۈڭ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن. (سۈرە تاھا 132- ئايەت.)

نۇرغۇن ئائىلە دەل مۇشۇخىل تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلالمايدۇ، بىراق مۇشۇنىڭ پايدىسى ئەڭ چوڭدۇر. شەخسەن مەن مۇشۇ كىتاپچىنى يېزىۋاتقان بىر نەچچە كۈندىن بېرى بىر بالىنى كۆردۈمكى تىلى ۋە قىلىقلىرى ئاجايىپ ئوماق ۋە پاساھەتلىك ئىدى. ئۆز گەرچە تېخى كىچىك بولسىمۇ نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى. مەن كۈزەتكەندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى بۇ بالىنىڭ دادىسى پەرزەنتىنى ئاجايىپ ئېسىل تەربىيەلەيدىكەن، بالىسى سوئال سورىسا زېرىكمەستىن ۋە ئېرىنمەستىن جاۋاپ بېرىدىكەن. بالىسىمۇ ئۆزى چۈشەنمىگەن ھەرقانداق بىر مەسىلىنى دادىسىدىن قورقماستىن دادىللىق بىلەن سورىيالايدىكەن. بىراق شۇنداق بىر ئاتىلار باركى بالىسى ئىككى ئېغىز سوئال سورىغاندىن كېيىن ئۈچىنچى سوئالىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاچچىقلايدۇ-دە؟، شۇنىڭ بىلەن بالا قورقۇش ئارلاش كېيىنكى سوئاللىرىنى سورىيالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا يىشى چوڭ بولسىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغان چوڭ بولىدۇ. ئاندىن دادىسى "شۇنچە چوڭ بولۇپمۇ مۇشۇنچىلىك نەرسىنى بىلمەيسەن!!" دېيىش ئارقىلىق بالىسىغا سەلبىي تەنبىھ بېرىدۇ. ئويلىنىپ باقايلى بالىغا ئاتا-ئانا ئۆگەتمىسە قەيەردىن ئۆگىنىدۇ؟.

(14)تاماقتىن ئىلگىرى بىسمىللاھنى، تاماقتىن كيىن ئەلھەمدۇلىللاھنى بالىڭىز ئاڭلىغىدەك ئۈنلۈك دەڭ.

(15)بالىڭىزنىڭ بەزى خاتالىقلىرىغا كۆز يۇمۇڭ، كۆڭلىڭىزدە ساقلاپ يۈرمەڭ.

يەنى بەزى ئاتا-ئانىلار باكى باللىرىنىڭ ھەربىر قىلىپ سالغان خاتالىقلىرىنى كۆڭلىگە مۆھۈر قىلىپ بېسىۋالىدۇ-دە؟. كېيىنچە يەنە بىر خاتالىق ئۆتۈزۈپ سالغاندا ئىلگىركى قىلىپ سالغان بارلىق كەمچىلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ بالىسىغا ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق تەنبىھ بېرىدۇ-دە؟، باللاردا "مەن شۇنداق يارىماس ئوخشايمەن، بارلىق خاتالىقلار مەندىنلا كۆرىلىدىكەن" دىگەن خاتا كۆز قاراشقا كېلىپ قالىدۇ-دە؟، ئاندىن باللاردىكى ئۆزگە ئىشەنمەسلىك، خامۇشلۇق، يۈرەكسىزلىك، شەخسى پىكىر قىلالماسلىق... قاتارلىق ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولغان بىر قاتار ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

(16)خاتالاشقان چىغىڭىزدا بالىڭىزغا ئۆزرە ئېيتىڭ ۋە ئەپۇ سوراڭ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلاردا ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزىدىكى خاتالىقلارنى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك بىر قاتار ناچار ئەخلاقلار مەۋجۇد. بىر ئاتا-ئانا بولغۇچى بۇنداق بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە پەرزەنتلەردىمۇ مەۋجۇد بولۇشقا باشلايدۇ-دە؟ ئاخىرى بىز بىرىنجى ماۋزۇدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك باللارنىڭ يالغانچى بولۇپ قېلىشىدەك خەتەرلىك ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

(17)بالىڭىز ئەلاچى بولغان چاغدا ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈڭ ۋە مەن بىلمەن سەن بەك ھۇشيار، شۇڭا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشەلىگەن دەڭ.

مانا بۇ خىل سۆزلەرنىمۇ نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار دىمەيدۇ ۋە ئۇنداق دېيىشنى خاتا دەپ چۈشىنىدۇ. بەلكى دەل ئەكسىچە باللىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا قاپاق تۈرۈپلا تۇرۇش...تەك ئەكسىچە ئىنكاستا بولىدۇ، چۈنكى كۆپىنچە ئاتا-ئانىلرنىڭ نەزىرىدە "پەرزەنتلەرنى ماختاش ھورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ" دېگەندەك خاتا كۆز قاراش مەۋجۇد. ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەر بىر ئىشتا ئۇتۇق قازانغاندا نورمال ھالدا ماختاش، ئۇلارنىڭ كېيىن تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ.

(18)بەزى نەرسىلەر ۋە ئىشلارنى بالىڭىزغا خاس قىلىڭ.

بۇنداق بولغاندا پەرزەنتلەرنىڭ نەرسىلەرنى ئاسراش ۋە قوغداش پوزىتسىيەسى كۈچىيىدۇ ۋە مۇستەقىللىق ئېڭى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

(19)بالىڭىزنىڭ سۆزلىرىنى ۋە بەزى ھەرىكەتلىرىنى مەسخىرە قىلماڭ.

بۇ توغرىسىدا بىر ھېكايە بار.
بىر كۈنى بىر ئانا كىچىك بالىسى بىلەن بىر تاكسىيغا چىقتى، تاكسى شوپۇرى قارا تەنلىك ئىدى. ماشىنا قوزغىلىپ ماڭغاندىن كېيىن كىچىك سەبىي :« ئاپا نىمە ئۈچۈن بو ئادەمنىڭ رەڭگى قارا؟» دەپ سورىدى.
ئانىسى :« بالام، ياراتقۇچى ھاياتنىڭ رەڭگا-رەڭ بولۇشىنى نىيەت قىلىپ شۇنداق ھەرخىل رەڭدە ياراتقان، بۇنداق بولغاندا ھايات تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.» دەپ جاۋاپ بەردى.
شۇ ۋاقىتتا تاكسى شوپۇرى :« سىز ھەقىقەتەن ياخشى بىر سۆزنى قىلدىڭىز، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئانامدىن دەل مۇشۇ سۆزنى سورىغىنىمدا ئانام (بىز قارا تەنلىك بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىمىز) دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى، شۇ ۋاقىتتا ئانام ناۋادا سىزگە ئوخشاش جاۋاپ بەرگەن بولسا مەنمۇ بۇ ۋاقىتقىچە بىر تاكسى شوپۇرى ئەمەس بەلكى كاتتا چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشىم مۇمكىن ئىدى»دېدى.

مانا قاراپ باقايلى ئەجەبا شۇ قارا تەنلىك كىشىنىڭ ئانىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى توغرىمۇ؟،خاتامۇ؟. ئۇنداقتا ماشىنىغا چىققان ئانىنىڭ جاۋابىچۇ؟.

(20)بالىڭىزغا تەبرىكلەش، قارشى ئېلىش ۋە ھۆرمەت سۆزلىرىنى ئۆگىتىڭ.

(23)بالىڭىزنى ئەڭ يىقىن دوستىڭىز قىلىۋېلىڭ.
بىر كىچىك بالا ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا شىرىك بولىدىغانغا بىر دوستقا مۇھتاج بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىغا كۈندە مەلۇم ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل ئىلمى شەكىلدىكى ئويۇنلارنى ئوينىشىپ بېرىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا_ بىرىنچىدىن پەرزەنتنىڭ زېرىكىشىنى يوق قىلسا ئىككىنچىدىن ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىرنى كۈچەيتكەندىن سىرىت پەرزەنتكە مەلۇم نىسبەتتە ئېلىم ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلارنىمۇ ئۆگەتكىلى بولىدۇ.

## ئاتا-ئانا پەرزەنتنى بەك كىچىك ئۆزىدىن ئۇزاق ئايرىۋېتىشى توغرىمۇ؟.

بىر پەرزەنت ئۈچۈن ھاياتتا ئۈچ تەربىيلەش ئورنى بار.

1- ئائىلە تەربىيلەش ئورنى. ئۇستازى_ ئاتا-ئانا.(بۇ ئەڭ مۇھىم نوقتا)
2- مەدىرىس ياكى مەكتەپ تەربىيلەش ئورنى. ئۇستازى_ ئوقۇتقۇچى، موئەللىم.
3- جەمىيەت تەربىيلەش ئورنى. ئۇستازى_ جەمىيەت كىشىلىرى.

بىر پەرزەنت ئۈچۈن ئائىلىدىن ئىبارەت يىڭى مايسىنى تۈزلەش تەربىيسى يېتەرلىك بولمىغىندا، مەكتەپتىن ئىبارەت ئوغۇتلاپ پەرۋىش قىلىش ۋە جەمىيەتتىن ئىبارەت چوڭ دەرەخ بولغاندا مېۋىسىنى ئۈزۈش باسقۇچىغا كەلگەندە، نەتىجىسى ياكى ئاچچىق بولغان تېتىقسىز بىر مېۋە يېتىشىپ چىقىدۇ ياكى تۈزلەنمىگەن دەرەخ ئاخىرىدا شۇپىتى چېچەكلىگەندىن كېيىن مېۋىسى پىشىپ بولغۇچە سېسىپ تۆگەيدىغان پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بىر خىل دەرەخ بولۇپ چوڭ بولىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا بولغۇچى، پەرزەنتنىڭ مايسا ھالىتىدە ئۇنىڭغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى، ئەكسىچە بۇنىڭغا قەتئىي سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاقىت بىر پەرزەنتنىڭ ئەڭ يۇمشاق ۋە ئەڭ قاتتىق ۋاقتىدۇر. يۇمشاق دېگىنىمىز ئۇ بىر مايسىدۇركى، ئۇنى قايسى خىل ھالەتتە تۈزلىسەڭ شۇنداق تۈزلىنىدۇ، بىراق قاتتىق دېيىشىمىدىكى مەقسەت شۇكى، پەرزەنت بۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى شوخ، بەلكىم بىر گەپنى

بىر نەرچچە قېتىم دېمىسە قىلمايدىغان، سەببىلىكىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغاچقا، ئاتا-ئانىنى تىز زېرىكتۇرىدۇ-دە؟، ئاتا-ئانا بۇنىڭ قىلىقلىرىدىن زېرىكىشكە باشلايدۇ ۋە "تىزراق چوڭ بولساڭ، مەدرىس ياكى مەكتەپكە بېرىپ مۇشۇ قىلىقلىرىڭنى كۆزۈم بىر كۆرمىسە" دەيدۇ. بىراق تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئاتا-ئانا بالىسىنىڭ زېرىكتۇرىشىدىن تىزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن (ئەلۋەتتە "ئاتا-ئانا بالامنى بېلىملىك بولسۇن دەپ بەردىم" دېيىشىدۇ ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ئاتا-ئانا باللىرىنىڭ قىلىقلىرىدىن زېرىككەندۇر.) 5ياشلارغا كىرە-كىرمەيلا ئۆزىدىن ئايرىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىدىن ئايرىلغان بالىدا ئەڭ خەتەرلىك بولغان مۇنداق 2 خىل سەلبى تەسىر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

بىرى- ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيەسىنى تېخى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملەپ، قىل دېگەننى قىلىپ، قىلما دېگەننى قىلمايدىغان ھالەت تولۇق شەكىللىنىپ بولالمىغانلىق سەۋەبىدىن، ئىككىنچى تەربىيە رايۇنى بولغان مەدرىس ياكى مەكتەپتە تەربىيەتچىگە تولۇق ئىتائەت قىلنماسلىقتەك ئېغىر بولغان خاتالىقنىڭ پەيدا بولۇشى.

يەنە بىرى: ئائىلىدىن ئىبارەت مېھىر دەرياسىدىن يېتەرلىك سۇ ئىچەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، بالىنىڭ قەلبىدىكى مېھىرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرگاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇش كۈچىگە ئېگىدارچىلىق قىلغۇچى مېھىر چاستۇتىسى تولۇق يېتىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، پەرزەنتىنىڭ بىراۋغا(ئەلۋەتتە شۇلارنىڭ قاتارىدا ئاتا-ئانىمۇ بار) مېھىر بېرىش كۈچى ئاجىزلايدۇ. مۇھىمى ئاتا-ئانىغا بولغان مېھىر- مۇھەببەت ئاجىزلاشقا قاراپ بارىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پەرزەنت ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاتا-ئانىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۇلارنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلىماسلىق، ھەتتا ئاتا-ئانىدىن بىزار بولۇش، خامۇشلۇق، جىمغۇرلۇق، قورقۇنچاقلىق، تەپەككۇر قىلىش كۈچى تۆۋەن، نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزى مۇكەممەل پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرغا قويالمايدىغان، ھىممەتسىز...دىگەندەك ئېچىنىشلىق بىر ۋاقىئە پەيدا بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيكى مېنىڭ بۇنداق دېمەكچى بولغىنىم ھەرگىز باللارنى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرگە بەرمەسلىك كېرەك، دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى شۇ مەدرىس يېشىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن زېرىكىپ ئالدىراپ بېرىۋەتمەسلىك ۋە شۇ ياشقا يەتكۈچە ئارلىقتا، ئاتا-ئانا شۇلارنى لاياقەتلىك تەبىيلەپ بولۇشى كېرەك، دىمەكچى مەن.

توغرا، ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانا تەرەپتىن تولۇق بىر تەربىيەگە، مېھىرگە ئېرىشەلمىگەن بىر بالا ئۈچۈن، مەدرىس ياكى مەكتەپتىن ئۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. دەل ئەكسىچە ئاتا-ئانىسىدىن تولۇق ئەقىلگە كېلىدىغان ۋاقىتقىچە ئالىدىغان ئائىلىۋىي دەرس ۋە بىلىملەرنى تولۇق ئالالمىغان بىر بالىغا ياق! بىر توپ باللارغا، ئايرىم-ئايرىم ئائىلىلەردە ئايرىم-ئايرىم ئانىلارنىڭ ئۆگىتىپ بولالمىغان نەرسىسىنى بىريەرگە جەملەپ بىر ياكى ئىككى كىشىنىڭ ئۆگىتىپ سىڭدۈرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. ئەكسىچە ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمى دەرسلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغان بىرتوپ باللار بىريەرگە يېغىلسا، ھەتتا بىر-بىردىن يامان ئىللەتلەرنى سىڭدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. مەن نۇرغۇن ئاتا-ئانىلاردىن باللارغا مۇنداق تەنبىھ بەرگىنىنى ئاڭلىدىم " سىلەر مەكتەپ ياكى مەدرىستە ئوڭشالماي بۇزۇلۇپ كېتىپسىلەر!" ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خاتا كۆز قاراش. توغرىسى ئەۋۋەل ئاتا- ئانا پەرزەنتنى ئەڭ ئاز دېگەندە 7-8 ياشلارغىچە شارائىت بولغان ئاساستا ئۆز يېنىدا ياخشى تەربىيەلىشى، ئۇنىڭغا شۇ ياشلارغىچە باللار ئۆگىنىپ بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىتىپ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مەكتەپ ياكى مەدرىسكە بارغاندىن كېيىنمۇ، باللار ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارغا ئېغىر يۈك بولۇپ سۆرۈلۈۋالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يېتەكلەپ تەربىيەلىشى بىلەن كۈندىن-كۈنگە ياخشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىن بولسۇن ياكى جەمىيەتكە چىققاندىن كېيىن بولسۇن ھېچقاچان كىشىلەرگە يۈك بولۇپ قالماستىن، ئائىلىگە، مەدرىسكە، جەمىيەتكە ئۆز لايىقىدا مېھىر بېرەلەيدىغان، باشقىلارغا يۈك بولماستىن، ئۈلگە بولالايدىغان، يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارغا مەلۇمكى، ھازىرقى دەۋردە ئاتا-ئانىلار ئىككىنچى تەربىيلەش ئورنىغا چىقىپ بولغان

باللىرىنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقىدىن ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى تەربىيەلەۋەتقان ئوقۇتقۇچى- مۇئەللىملەرمۇ تىرىشىۋاتقان بولىسىمۇ، بىراق مايسىنىڭ ئەسلى ھالىتى تولۇق تۈزلەنمىگەن بولغاچقا ئۇلارغىمۇ قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ئەڭ ئاۋۋال شۇلارنى لاياقەتلىك تەربىيلەش بىلەن ئۆز يەلكىسىدىكى ئامانەتنى ۋەزىپىگە ئەمەس، مېھنەت بىلەن تولۇق ئىجرا قىلىشى ئاندىن پەرزەنتنى ئىككىنچى تەربىيلەش ئورنىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا پەرزەنتمۇ، ئاتا-ئانىمۇ ئەڭ لاياقەتلىك كىشىلەردىن بولالايدۇ.
ئەمما بىرىنچى قېتىملىق تەربىيەلەش ئورنىدىن ياخشى ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەن بالا، ئىككىنچى قېتىملىقىدىن لاياقەتلىك ئۆتەلمەيدۇ-دە؟، ئۈچىنچى تەربىيەلەش مەركىزىگە كەلگەندە ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچى بولۇپ قالىدۇ.
شۇڭا بىرىنچى تەربىيلەش ئورنىدا ئەڭ ئاز دېگەندە 95دىن يۇقۇرى ئالالىسا ئىككىنچى تەربىيلەش مەركىزىدىن 85دىن يۇقۇرى ئالالىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئۈچىنچىسىگە چىققاندا ئەقلىگە راۋۇرۇس كەلگەن بولىدۇ ۋە جەمىيەتتىن ئىبارەت ئالىي مەكتەپتە تېرىشسىلا ئىمتىھاندىن يۇقۇرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ ياخشى بولغان خىزمەتلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن.
مۇھىمى بالا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تەربىيلەش ئورنىدا ئاساسەن ئاتا-ئانا ۋە ئۇستازلارنى يېتەكلىشى بىلەن ئوقۇيدۇ ۋە شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا قاراپ ئىمتاھاندىن يا ئۆتىدۇ يا ئۆتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا باللاردا تەلىم-تەربىيە ئېڭى تولۇق يېتىلمىگەن بولىسىمۇ، تەربىيەلىگۈچىنىڭ توغرا ئۇسلۇبتا يېتەكلىشى بىلەن ئالغا ئىلگىرلىگەن بولسا ئاخىردا جەمىيەتتىن ئىبارەت ئالى مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئاتا-ئانا ۋە ئۇستازنىڭ ئۆگەتكەن بىلىملىرىگە ئۆزىنىڭ چوڭ بولغاندىكى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ ماڭغان ئەقلى قوشۇلۇپ تىرىشىپ ئوقۇشى ۋە ئۇ ئالى مەكتەپنىمۇ ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىشى مۇمكىن.
قايتا-قايتا ئەسكەرتىمەنكى_ تۇنجى تەربىيلەش مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا باشتىكى خاتالىق ئوتتۇرىدىكى ئون خاتالىقنى جەمىيەتكە چىققاندىكى يۈز خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## «ئاتا-ئانام تىزراق ۋاپات تاپقان بولسا!»

(ئۇلۇغ الله تىن پاناھ تىلەيمىز)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن مېنىڭچە سىز بۇ ماۋزۇنى كۆرۈپلا قاتتىق ئاچچىقىڭىز كەلدىغۇ؟ دەيمەن؟. توغرا بەلكىم مەن بۇ مەزمۇننى قوشمىسام ياخشى بولار بولغىيتتى؟. بىراق بۇنى ئايرىم بىر ماۋزۇ قىلىپ قوشۇپ قويۇشۇمدىكى مەقسەت شۇكى_ ئۇشبۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقى بولغان بىر ۋەقەلىكنى سىزلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى مەن.
چۈنكى مەن ئۇ ۋەقەلىكنى ئاڭلىغان شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ شۇ ۋەقەۋەنى يېزىپ كىشلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇش بىلەن ئاتا-ئانىلارنى بەزى بىر ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرماقچى ۋە توسماقچى ئىدىم، مانا بۈگۈن پۇرسەت بولغان ئوخشايدۇ.
بىر ئاكاش ماڭا شۇنداق بىر تارىخنى سۆزلەپ بەردى.
« كىچىك ۋاقتىمدا مەن ناھايىتى ئاتىكاچا ۋە شوخ ئىدىم. شۇ شوخلىقىمدا نۇرغۇن ئىشلارنى بۇزۇپ قوياتتىم، ئەمما دادامنىڭ ۋە ئانامنىڭ ئاچچىقى بەكلا يامان ئىدى. مەن ھەربىر ئىشنى بۇزغان ۋاقتىمدا مېنى ناھايىتى قاتتىق ئۇراتتى. قولىدا قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇرىۋېرەتتى.
مەن شۇنداق تاياقنى كۆپ يېگەچكە ئاتا-ئانامغا بەك ئۆچ ئىدىم. (ئەلۋەتتە گۆدەك ۋاقتلىرىم ئىدى)
يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى ياساشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا تىرىشاتتىم. بىراق يېتەرلىك ئېلىمىم بولمىغاچقا ئاخىرى بۇزۇلاتتى-دە مېنى يەنە ئۇراتتى. مەن ھەتتا شۇ ۋاقىتلاردا ئاتا-ئانام تىزراق ۋاپات تاپسا، مەن ئەركىنلىككە ئېرىشسەم، دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ قالاتتىم (الله گۇناھىمنى كەچۈرسۇن ۋە پاناھ بەرسۇن). شۇنداق قىلىپ يىللار ئۆتتى مەنمۇ چوڭ بولدۇم ئەقلىمنى تاپتىم، باللىرىم بولدى، شۇلار ھەربىر قېتىم قاتتىق ئاچچىقىمنى كۆلتۈرگىنىدە قولۇمنى كۆتۈرىمەن-دە؟، يەنە ئۇۋۇمنى تۇتۇۋالىمەن. چۈنكى پەرزەنتلەنىڭ قەلبى بىر تاشقا ئوخشايدىكەن، سەن ئۇنى ھەربىر قېتىم ئۇرغىنىڭدا ئۇنىڭ قەلبىگە بىر مۆھۈر بېسىلىپ قالىدىكەن، ئۇنى ئۆچۈرۈش ناھايىتىمۇ قىيىن ئىكەن.

ئەمما ئەلھەمدۇلىللاھ، ئانام ھازىر يېنىمدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى بېقىۋېلىشقا رەبىم نىسىپ قىلىپتۇ.» تارىخنى تۆگەتتى.
ماڭا ئۇ ئاكاشىنىڭ ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغان سۆزى"پەرزەنتلەرنىڭ قەلبى گويا بىر تاشقا ئوشايدىكەن، سەن ئۇنى ھەربىر قېتىم ئۇرنىغىڭىزدا ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس بىر مۆھۈر بېسىلىپ قالىدىكەن، ئۇنى ئۆچۈرمەك بەك قېيىن ئىكەن" دېگەن سۆز بولدى. توغرا بەلكىم ھازىرقى ھاياتىمىز ئۆز باللىرىنى ئۇرىدىغانلار كۆپ بولۇشى مۇمكىن، گەرچە «ياخشى نىيەت» بىلەن ئۇرغان تەقدىردىمۇ، بىر-ئىككىنى ساۋىداپ قويۇش بىلەن ئەمەس گوياكى بىر تۇتقۇنى ئۇرغاندەك ئۇرىدىغان كىشىلەر ھەم مەۋجۇد. ئەجەبا ئۇلار ئويلىمامدۇكى؟ كىلەچەكتە مەن قېرىپ كەتكىنىمدە مېنى كىم باقار؟.
توغرا ھازىرقى باللار بەلكىم "ئاتا-ئانام تىزراق ۋاپات تاپسا" دېگەننى ئويلىماسلىقى مۇمكىن، بىراق تىزراق يېراق يەرگە كەتسەم، مۇشۇلاردىن قۇتۇلسام، دېگەندەك سەبىيلەرچە پىكىلەرنى قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟.
ئاتا-ئانىلارغا نەسىھەت قىلىدىغىنىم، ئامال بار باللىرىمىزنى زىيادە ئۇرمايلى، شۇنىسىنى سىناپ بېقىڭلاركى پەرزەنتنى ئۆزىمىز ئەخلاقلىرىمىزنى تولۇق تۈزەتكەندىن كېيىن ھەرقانداق بىر ئىشقا باش بولۇپ مېڭىپ تۇرۇپ ئاندىن بۇيرىساق ئۇلارمۇ چوقۇم ماڭىدۇ. تاياقنى ئېلىشىمىز ھاجەتسىز دەپ ئويلايمەن.
ئۇستىدىمۇ بىر ئاكىمىزنى ئەسلىتىپ ئۆتتۇم، مۇشۇ كىتاپچىنى يېزىش جەريانىدا ئۇ ئاكىمىزنى شۇنداق كۈزەتتىم. مېنىڭ پىكرىمچە ئۇ ئاكىمىز پەرزەنت تەربىيلەشتە ئاتا-ئانىلارغا ئۈبراز ۋەكىلى بولالايدۇ.
بالىسىنىڭ يوللۇق بولغان بارلىق تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆز تەلىپىنى تولۇق ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدىكەن. ماشا الله شۇ 6-7 ياشقا كىرگەن بىر سەبىي ھېچ قانداق بىر ئىشقا ھەتتا قاپاق تۈرگىلىمۇ سالماستىن دەرھال ئورۇندايدىكەن.
بۇيەردە يەنە بىر ۋەقەلىك ئېسىمگە كېلىپ قالدى.
مەن بۇنىڭدىن 7-8 يىللار ئىلگىرى بىر كىشىنى كۆرگەن ئېدىم، كىچىك 3-4ياشقا كىرگەن بىر قىز بىر ئوغلىنى بەك ئۇراتتى. ھەتتا پۇت-قولىدىن تۇتۇپ يەرگە ئېتىۋەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن مەن. بىراق شۇ باللارنىڭ ھازىرقى ھالىتچۇ؟.
كىچىك ۋاقتىدا كۆپ تاياق يېگەن ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ چوڭ بولغانچە قەلبىدىن مېھىر-مۇھەببەت دەرىخى قۇرۇپكېتىشكە باشلايدىكەن.
كىشىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ، قوپال ۋە قەلبى قاتتىق بولۇپ قالىدىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن گەرچە مەن كىچىك بولساممۇ نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرگە، نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىد بولغىنىم سەۋەپلىك مۇشۇ پەرزەنت توغۇرلۇق بىر نەرسە يېزىپ چىقىشنى ناھايتى ئۈزۈندىن بېرى ئويلۇشۇپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، باشتا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمدەك ئۆزۈمگە تازا ئىشەنچ بولمىغاچقا ۋە كاللامدا " مەندەك بىر مەكتەپ تەربىيەسى كۆرۈپ باقمىغان كىشى قانچىلىك نەرسە يازالايتتى؟" دەيدىغان بىر ئاڭ بولغاچقا نەچچە قېتىم قولۇمغا ئېلىپ بولغان قەلەمنى قويۇپ قويغان ئېدىم. بىراق يېقىنىڭياقى ئۇ خىل كۆز قاراشى چۆرۈپ تاشلاپ گەرچە ئېگىز-پەسرەك بولسىمۇ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بىر نەرسە يېزىپ بېقىشنى نىيەت قىلىپ قولۇمغا قەلىمىنى ئالدىم ۋە ئاللاھ نىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ كىچىككىنە ئەمگەك مېۋەمنى سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇم.
ئۇلۇغ الله دىن ھەربىر ئاتا-ئانىمىزغا مۇشۇلاردىن ئۆزلىرى سۇزۇپ ئالالىغۇدەك بېلىملەرنىڭ يېزىلغان بولۇشىنى تىلەيمەن.
ئۇلۇغ الله ھەممىمىزگە رەھمەت قىلسۇن.

2020-06-17

ئائىلە—جەمىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىدۇر. ئائىلە تۈزەلسە بىر جەمىيەت تۈزىلىدۇ. ئائىلە بۇزۇلسا بىر جەمىيەت بۇزۇلىدۇ. ئاتا—جەمىيەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى. ئانا—جەمىيەتنىڭ پەرۋىشچىسى. پەرزەنت— جەمىيەتنى گۈزەللەشتۈرگۈچى يۇمران كۆچەتتۇر.

ناۋادا ئاتا ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇپ، ئۆز خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىكەن؛ ئۇنىڭ ئاتىلىق شەرىپىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشى؛ ھەقىقى ئاتىلىق نامىغا ئېغىر ھاقارەتتۇر.

ئەگەر ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئائىلىسى ئۈچۈن بېغىشلاپ، پەرزەنتىدىن ئىبارەت يۇمران كۆچەتنى ياخشى پەرۋىش قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ "ئانا"دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك نامنى يۈدۈپ يۈرۈشى ھەقىقى ئانىلىق شەرىپىگە قاپ-قارا داغدۇر.

بىر پەرزەنت بولغۇچى، ئۆزىنىڭ بۇدۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبچىلىرى بولغان ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن بىغەم ياشايدىكەن. ئۇ، ئۆزىدىكى ھەقىقى "ئىنسان" لىق شەرىپىنى يوقۇتۇپ قويغان بولىدۇ.

بىلگىن ئەي كىشى!!!

ناۋادا سەن بىر ئاتا بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ماھىيىتىگە ياخشى نەزەرسال! .

ناۋادا سەن بىر ئانا بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ "پەرزەنتنى ياخشى تەربىيلەش"دىن ئىبارەت بۇ خىزمىتىڭگە مىھنەت قىلغىن!.

ناۋادا سەن بىر پەرزەنت بولساڭ، ئۆز ئاتا-ئاناڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋېلىشقا تىرىشقىن! .

ئۇنۇتما، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغان ھەربىر كىشى جاھاندا خانىڭ كۈنىنى كۆرۈپ كەلگەندۇر.

ئەۋقىران.